## ТҮРК ДУНИЯСИ

**Түркий хәликләр Евроазия китъәсиниң көпчилик қисмини егиләп туриду. Уларниң зимини Оттура йәр деңизидин Сәддичиңгичә болған бепаян зиминғә созулған.**

**Мурәккәп тарихий тәрәққият йолини бесип өткән түркий тиллиқ хәликләр үчинчи миң жилиққа үмүт вә оптимизм билән кирип кәлмәктә. Гезитимизниң мошу санидин тартип биз түрк дунияси вә һәр қайси түркий хәликләр тоғрилиқ мәлумат беридиған аммибап материалларни беришкә башлаймиз. Шуңдақла кәң қоллинилип келиватқанлиғиға қаримай, һәр хил шәрһилиниватқан терминлар һәққидиму чүшәнчиләр беримиз. Бизниңчә улар төвәндикиләрдин ибарәт.**

**1. Туран.** Бу түркий хәликләр орунлашқан зиминниң кәң мәнадики ипадиси. Әлмисақтин тартип түркий хәликләрни Парис әллиридин — Ирандин пәриқ қилиш үчүн бу намни пайдилинип кәлгән. Туран бизниң чүшәнчимиздә дуниядики барлиқ түркийләр зиминини өз ичигә алидиған мәнани билдүриду.

**2. Мәркизий Азия.** Бу Азия китъәсинин мәркизигә жайлашқан мустәқил мәмликәтләрни, шундақла өзлири бу регионлин ташқирида болған бәзи бир мәмликәтләр зимининиң айрим қисимлирини өз ичигә алиду. Мәркизий Азия тәвәсигә Өзбәкстан, Қазақстан, Түркмәнстан, Қирғизстан, Тажикстан, Моңғулия, Иранниң бир қисми, Авғанстанниң бир қисми, Шәрқий Түркстан (Уйғурстан), Җәнубий Сибирниң бир қисми кириду.

**3. Түркстан.** Бу Мәркизий Азиядики түрк хәликлириниң орунлашқан жайини көрситидиған тарихий-жуғрапиялик чүшәнчә. Түркстанға Қазақстан, Өзбәкстан, Қирғизстан, Түркмәнстан вә Уйғурстанлар кириду. Түркстан өз көләми жәһәттин Мәркизий Азияға, болупму Туранға қариғанда көп кичик. XVIII әсирдики вә XIX әсирниң биринчи йеримидики рус вә Ғәрбий Европа алимлири Оттура Азияни «Чоң Бухара», униң шәрқилики йәрләрни «Кичик Бухара» дәп атиған. XVIII—XIX әсирләрдә Шәриктә, кейинирәк Европида (жүмлидин Россиядә) Чоң вә Кичик Бухараларни қошуп Түркстан дәп атиди. Бәзидә «Бухара Түркстани» вә «Шәрқий Түркстан» дәп пәриқләндүрди.

Бухара Түркстани йәни Ғәрбий Түркстан Шәрқий Түркстанға қариғанда хелила чоң. Бүгүнки күндә Ғәрбий Түркстан өз ичигә Қазақстан, Өзбәкстан, Қирғизстан, Түркмәнстан қатарлиқ дөләтләрни алиду. Шуңдақла бу шәртлик чүшәнчә. Түркстан муәммасини әйнә шу мәвқәдә туруп бир пүтүнлүктә қараш керәк. Техиму енигирақ қилип ейтқанда, Түркстан Россия вә Хитай тәрипидин иккигә бөлүнгән. Россияниң мудахилисидики қисми илмий әмгәкләрдә Ғәрбий Түркстан (бәзидә Рус Түркстани), Хитай бесивалған қисми Шәрқий Түркстан (бәзидә Хитай Түркстани) дәп атилип кәлди.

Бу намлар рус вә Европа алимлири тәрипидин қоллинилип кәлгән болсиму, хитайлар «Шийүй» — Ғәрбий дияр, «Шинжаң» — Йеңи зимин дәп қолланди.

Йүз жиллар муқәддәм Рус, умумән Ғәрип тәтқиқатчилири Мәркизий Азияниң бир қисмини түркий тиллиқ хәликләргә мәнсүп дәп қарап, униң шәрқий қисмини хитайларниң этникилиқ зимини әмәс дәп һесаплиған. Өз дәвриниң жирик тәтқиқатчилириниң бири Н. Бичуринниң (Иакинф) төвәндикиләрни йезишиму бекар әмәс еди. «Бу йәрдә Бухара Түркстанини Ғәрбий, Хитай Түркстанини Шәрқий Түркстан дәп аташ әқилгә мувапиқ. Биз қобул қилип кәлгән Хитай Түркстани дегән намни өзгәртиш керәк».

Руслар билән Хитайларниң Түркстанни Ғәрбий вә Шәрқий дәп бөлгәнлиги түпәйли рус алимлири Түркстанни Ғәрбий вә Шәрқий Түркстан дәп аташқа адәтләнди. Түркий тиллиқ хәликләр үчүн Мәркизий Азия бир пүтүндур. Өзбәк хәлқи үчүн бир пүтүн Түркстанниң бир қисми болған Өзбәкстан кичик вәтини болғиниға охшаш қазақ хәлқи үчүн бир пүтүн Түркстанниң бир қисми болған Қазақстанму кичик вәтәндур. Демәк, уйғур хәлқи үчүнму бир пүтүн Түркстанниң Шәрқий Түркстан дәп атилидиған қисми болған Уйғурстан кичик вәтәнидур. Ғәрип тәтқиқатчилириму әйнә шу мәнада Түркстанни Мәркизий Азиядики түркий хәликләрниң вәтини дәп атайду. Жүмлидин улар мундақ дәп йезиду: «Каспийдин Жуңғариягичә болған, өткән әсирниң бешида «Мустәқиил Тартария», кейин Түркстан дәп аталған Мәркизий Азия системисидики мусулманлар билән түркийләр бирлишиши вә қайта туғулуши мүмкинму?»

Биз гезитханлар диққитигә һавалә қилмақчи болған мақалиларда Түркстан әллири вә хәликлири һәққидила болуп қалмастин, шундақла пүткүл түрк дунияси йәни тәркивигә Мәркизий Азиядики түркий тиллиқ әлләрдин ташқири Түркия, Әзәрбәйжан, Татарстан, Якутия вә башқа Туранға киридиған әлләр һәққидиму сөз болиду.

**Хәмит ҺӘМРАЕВ.**

# Туран — гөзәл, сехи, бепаян топрақ

ТҮРК ДУНИЯСИ (ТУРАН)




ТҮРКСТАН




Лутпулла МУТАЛЛИП

## Нет, мы друзья, не дрогнем!

Нет, мы друзья, не дрогнем, ведь нас ведут вперед
Высокие идеи — в борьбе за наш народ.

Чтоб за его свободу сражаться до конца,
Сожмем мы крепче руки и закалим сердца.

Как садовод завянуть не даст цветам своим,
Росткам свободы нашей зачахнуть не дадим!

Моя мечта — ребенок, что на рассвет глядит,
Моя мечта — ребенок, что тянется к груди.

К отраде материнской, и я гляжу вперед
И вижу день грядущий, свободный мой народ!

Нет! Мы не будем в лужах барахтаться, слепы,
Ведь нашим душам нужен лишь океан борьбы!

1945, Аксу.

## Народу моему

Народ мой, в добрый путь! Будь к боям готов!
Не давай себя обмануть, знай своих врагов!
Сколько бедствий испытал ты за все века!
Народ мой, час настал! Будь к борьбе готов!

В бой за героями идти будь готов, народ.
До победной высоты, средь хребтов и льдов,
Под ударами врага каменно стоять,
Путь пробить себе к труду, к счастью, будь готов!

Народ мой, будь готов встать силою одной
До победного конца, на последний бой,
Дружбу с верными друзьями на века храня,
Против общего врага драться будь готов!

Чтобы вызволить скорей от вековых оков
Наших жен, и матерей, и сестер, и вдов,
Чтобы справедливый мир в битве отстоять,
Будь готов, народ, к борьбе! Будь к борьбе готов!

1937, Кульджа

## Мы — дети Родины своей

Мы — дети родного края,
Нас осеняет боевое знамя
Свободы и труда.
Мы в будущее смотрим смелым взглядом,
Мы одолеем бури и преграды,
С народом мы всегда.

Во имя процветания отчизны
Не пожалеем мы ни сил, ни жизни —
Все посвятим лишь ей.
Ее прославим славными делами,
Ей поклянемся юными сердцами
Мы в верности своей.

И в солнечные дни и в дни ненастья
Сражаться будем за победу счастья,
За торжество труда.
Чтобы нигде, от моря и до моря,
Не знали люди, что такое горе.
Лишенья и нужда.

Вперед — и родина пусть знает,
Что нас всегда и всюду осеняет
Борьбы и дружбы стяг,
Ведь будущее вдохновенным взглядом
Нам светит сквозь невзгоды и преграды,
Как кораблю маяк!

1938, Кульджа.

## Мысли о мире

Свой род с беспамятных времен я числю,
Уйгур я, здесь не счесть моей родни.
И я люблю — свободу и отчизну,
А что на свете выше, чем они!

Но за долиной есть еще долина.
А за рекой — моря, материки…
Раз человечество неисчислимо,
Мы все одной планеты земляки!

Так неужели снова непогода?
И грозен горизонт? Бед и невзгод
Я не желаю для других народов.
Достаточно их видел мой народ.

Уйгур, я знаю мирной жизни цену,
Желает мира каждая страна.
И я люблю свободу беспредельно.
А что на свете выше, чем она!

1942, Урумчи.

Перевели с уйгурского:
Александр КОРЕНЕВ и Мурат ХАМРАЕВ.

